## 124206 ـ سۈنئى ئوكسىگېن بىلەن نەپەسلەنسە روزىسى بۇزۇلامدۇ؟

### سوئال

نەپەس ئېلىشى قىيىن بولغان بەزى كېسەللەر رامىزان كۈنلىرىدە سۈنئى ئوكسىگېن بىلەن نەپەسلىنىشكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ، بۇنىڭ روزىغا تەسىرى بولامدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بەزى كېسەللەرگە بېرىلىدىغان گازلىق ئوكسىگېن روزىنى بۇزمايدۇ، چۈنكى بۇ ئوكسىگېنغا باشقا ھېچقانداق ماددا قېتىلمايدۇ، بۇنىڭ ھۆكمى تەبىئى ھاۋا بىلەن نەپەس ئالغانغا ئوخشاش، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام پىقھى مەجمۇئەسىنىڭ قارارىدا مۇنداق كەلگەن " :تۆۋەندىكى ئىشلار روزىنى بۇزمايدۇ:  گازلىق ئوكسىگېنمۇ بۇنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ" ] ."ئىسلام پىقھى مەجمۇئەسى ژۇرنىلى" 1996/02/10 454 ـنومۇر.  دوكتۇر ئەھمەد خەلىلنىڭ " يېڭى دەۋرىدىكى روزىنى بۇزىدىغان ئامىللار" ناملىق ئەسىرى 50-بەت].